


# غەرب ئەللىرىنىڭ
# شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا
# بولغان 20 يىللىق تەتقىقاتىنىڭ ئومۇمىي چۈشەنچىسى

ختاي خەلقئارا تەتقىقات ئىنستىتۇتى

لى باۋ باۋ 2021 ـ 6

**تەكلىماكان تەشۋىقات مەركىزى تەرجىمە قىلدى**

2022-10 1444-03

# 2022 ـ يىللىق شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر خەرىتىسى




# غەرب ئەللىرىنىڭ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا بولغان 20 يىللىق تەتقىقاتىنىڭ ئومۇمىي چۈشەنچىسى

خىتاي خەلقئارا تەتقىقات ئىنستىتۇتى

6 ـ 2021 لى باۋ باۋ

**تەكلىماكان تەشۋىقات مەركىزى تەرجىمە قىلدى**

## ئىلاۋە:

خىتاي خەلقئارا تەتقىقات مەركىزى ـ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ كەسپىي تەتقىقات ئورنى بولۇپ، دەسلەپكى ھالىتى 1956 ـ يىلى « خىتاي پەن ـ تېخنىكا ئاكادېمىيىسى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ئىنستىتۇتى» دېگەن نام بىلەن قۇرۇلغان. 2014 ـ يىل 6 ـ ئايدا، مەركىزىي ئورگان قۇرۇش كومىتېتى ئىشخانىسى تەرىپىدىن «خىتاي خەلقئارا تەتقىقات ئىنستىتۇتى»غا ئۆزگەرتىلگەن. بۇ ماقالىنى خىتاي خەلقئارا تەتقىقات ئىنستىتۇتى ياۋرو ـ ئاسىيا تەتقىقات ئورنى ياردەمچى تەتقىقاتچىسى لىباۋباۋ تەييارلىغان بولۇپ، دۇنيا بىلىم نەشرىياتى 2021 ـ يىل 6 ـ ئاي نەشىر قىلغان « شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى قۇرۇلغىنىنىڭ 20 يىللىقى: نەتىجە ۋە تەجرىبە» دېگەن كىتاپتىن پايدىلانغان.

بۇ ماقالىدە شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ نىشانى، ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەسىرى، روسىيە ۋە غەرب ئەللىرىنىڭ بۇ تەشكىلاتقا بولغان تونۇشى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن بولۇپ، جۇملىدىن ئافغانىستان مەسىلىسى ۋە «ئۈچ خىل كۈچ» قارىتا سىياسەتلىرى يورۇتۇلغان.

قېرىنداشلارنىڭ ش ھ ت غا بولغان چۈشەنچىسىنى بېيىتىش مەقسىتىدە بۇ ماقالە تەرجىمە قىلىندى.

تەكلىماكان تەشۋىقات مەركىزى

www.taklimakan.biz

## مۇھىم نۇقتىلار:

ش ھ ت (شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى) قۇرۇلغاندىن بۇيان، غەرب ئەللىرىنىڭ ش ھ ت غا نىسبەتەن تەتقىقاتى ئاددىيلىقتىن مۇكەممەللىككە تەرەققىي قىلدى، ش ھ ت غا بولغان تونۇشىمۇ دەسلەپكى گۇمان ۋە دۈشمەنلىكتىن كۆپ خىللىق ۋە پىششىق يېتىلىشقا قاراپ تەرەققىي قىلدى. مەزكۇر ماقالە غەرب ئەللىرىنىڭ سىياسىتى، ئاقىللار ئامبىرى ۋە ئاكادېمىكلىرىنىڭ ش ھ ت غا مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي ماقالىلىرىنى رەتلەپ، غەرب ئەللىرىنىڭ ش ھ ت نىڭ 20 يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسى ۋە مەسىلىسىنى، شۇنداقلا ش ھ ت نىڭ كەلگۈسىگە بولغان كۆز قاراشلىرى ئانالىز قىلىدۇ.

ش ھ ت ئوتتۇرا ئاسىيا سىياسىي سەھنىسىدىكى مۇھىم رايون خاراكتېرلىك تەشكىلات بولۇش سۈپىتى بىلەن قۇرۇلغاندىن بۇيان، ھېچقاچان غەرب ئەللىرى ئىستراتېگىيەچىلىرىنىڭ نەزىرىدىن چەتنەپ باقمىدى. گەرچە دەسلەپكى نەچچە يىل جەريانىدا، غەرب ئەللىرى ش ھ ت غا نىسبەتەن كۆرۈنەرلىك ئەھمىيەت بەرمىگەن بولسىمۇ، بۇ تەشكىلات تەرەققىياتىنىڭ زورىيىشىغا ئەگىشىپ غەرب ئەللىرىنىڭ بۇ تەشكىلاتقا بولغان تەتقىقاتى كۆنسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى. بولۇپمۇ «بىر بەلۋاغ، بىر يول» تەشەببۇسى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن بۇيان، غەرب ئەللىرى خىتاينىڭ ش ھ ت ئارقىلىق قولغا كەلتۈرىدىغان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىستراتېگىيەلىك مەنپەئەت مەسىلىسىگە بولغان دىققەت ئېتىبارى كۆرۈنەرلىك ئاشتى.

www.taklimakan.biz

# 1. غەرب ئەللىرىنىڭ ش ھ ت غا بولغان تەتقىقات جەريانى

غەربنىڭ سىياسىي سەھنىسى، ئاقىللار ئامبىرى ۋە ئاكادېمىكلىرى ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىلەر ئارقىلىق، غەرب ئەللىرىنىڭ ش ھ ت غا بولغان تەتقىقاتىنى تۆت باسقۇچقا بۆلگىلى بولىدۇ.

## 1) 2001-يىلدىن 2004-يىلغىچە: كۆڭۈل بۆلۈش چەكلىك باسقۇچ

بۇ باسقۇچتا غەرب ئەللىرىنىڭ ش ھ ت غا كۆڭۈل بۆلۈشى نىسبەتەن كەمچىل بولغان. ئامېرىكا ئاساسەن بۇ تەشكىلاتقا دىققەت قىلمىغان، بەك بولمىغاندا ئوتتۇرا ئاسىيا ئىستراتېگىيىسى تەكتىلەنگەندە قوشۇمچە تىلغا ئېلىپ قويغان، ياۋروپا ئىتتىپاقى بولسا ئاساسەن ئېتىبارغا ئالمىغان، 11-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن، ئامېرىكا تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش نامى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا كىردى ۋە رايون خاراكتېرلىك رەھبەرلىك كۈچكە ئايلاندى. بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، ئامېرىكا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئورنىنى ئىككى تەرەپ ھەمكارلىق ئاساسىدا تىكلىگەن دەپ قاراپ، ش ھ ت غا ئەھمىيەت بەرمىگەن. ئامېرىكا پارلامېنت تەتقىقات ئورنى (CRS) ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدىكى كۆپ قېتىملىق دوكلاتىدا ش ھ ت نى ئاز تىلغا ئالغان، تەتقىقات ساھەسىدىمۇ بۇ تەشكىلاتنى ئىلمىي ماقالە ھالىتىدە تىلغا ئېلىپ باقمىغان. يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، ئامېرىكا مەركىزىي تەشكىلاتنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەنپەئەتىگە تەھدىت شەكىللەندۈرەلەيدۇ دەپ قارىمىغان. 2002-يىلى ئامېرىكا مەشھۇر ئالىمى ئېلىزابېت ۋىشنىك (Elizabeth Wishnick) ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىخەتەرلىك مەنپەئەتى ھەققىدە توختالغان كىتابىدا:-« ش ھ ت نى رايون خاراكتېرلىك ئاجىز تەشكىلات، تېرورلۇققا قارشى بىرلەشمە باياناتلا ئېلان قىلغاندىن باشقا ماھىيەتلىك رول ئوينىمىدى» دەپ قارىدى، 2004- ئامېرىكا تاشقى سىياسەت تەتقىقات ئورنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئىستراتېگىيىسى ھەققىدە ئېلان قىلغان ئۇزۇن دوكلاتىدا:-« ئامېرىكا خىتاي-روسىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەركىتى، شۇنداقلا ش ھ ت نىڭ رايون خاراكتېرلىك بىخەتەرلىك تەشكىلاتىغا ئايلىنىشىغا نىسبەتەن <سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئورۇشى> ياكى

www.taklimakan.biz

<چوڭ كۈچ سىنىشىش> ئۇقتىسىدا تۇرۇپ قاراشتىن ساقلىنىشنى تەكىتلەپلا قالماي ، بەلكى ش ھ ت بىلەن تىخىمۇ بىۋاستە شەكىلدە ئۇچرىشىشى ، ختاي بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدە ئىجابىي سۆھبەت ئېلىپ بېرىشى كېرەك» دەپ قارىدى . تۇفتىس ئۇنىۋېرسىتېتى فلېتچېر ئىنستىتۇتى ئوخشاش ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ تور ژورنىلى **Al Nakhlah** دا: ـ« ش ھ ت نى غەرب بىرلەشمىسىگە قارىتا تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ» دەپ قاراش ھاجەتسىزلىكى توغرىسىدا ماقالە ئېلان قىلغان .چۈنكى ئوتتۇرا ۋە ئۇزۇن مەزگىللىك كۆزىتىشقا ئاساسلانغاندا ، ش ھ ت نىڭ بىرلىشىپ غەرب ئەللىرى ۋە ئامېرىكىغا قارشى دۈشمەنلىك قىلىش خىيالى ھەم ئىقتىدارى يوق دەپ قارىدى .

## 2) 2008 ـ 2005 يىلىغىچە: ش ھ ت غا بولغان گۇمان ۋە دۈشمەنلىك باسقۇچى

**2005** ـ يىلى غەرب ئەللىرىنىڭ ش ھ ت غا نىسبەتەن كۆز قارىشىنىڭ ئۆزگىرىش نۇقتىسى . **2005** ـ يىلى **7** ـ ئايدا ، ش ھ ت ئاستانا پىرىزدىنتلار ئۇچرىشىش يىغىنىدا بىرلەشمە باياناتى ئېلان قىلغان بولۇپ ، ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن چېكىنىپ چىقىش ۋاقتى جەدۋىلىنى بېكىتىشنى تەلەپ قىلدى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىراننىڭ ش ھ ت غا كۆزەتكۈچى دۆلەت سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغانلىقىنى ئېلان قىلدى . **11** ـ ئايدا ، ئامېرىكا ئۆزبېكىستاننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن خانئاباد ھاۋا ئارمىيە بازىسىنى بىكار قىلىشقا مەجبۇر بولدى . بۇ ئىش غەرب ئەللىرىنىڭ كۈچلۈك ئىنكاسىنى قوزغىغان بولۇپ ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ش ھ ت غا نىسبەتەن گۇمان قىلىش ۋە ئەيىبلەش نەزىرىدە قاراشقا باشلىدى .

ئامېرىكىنىڭ ئاساسلىق ئەمەلدارلىرى ۋە مۇتەخەسسىسلىرى ش ھ ت نىڭ خاراكتېرى ھەم ئورنىغا نىسبەتەن گۇمان قىلىشقا باشلىدى . ھەمدە ش ھ ت غا «غەربكە قارشى تەشكىلات» ۋە «مۇستەبىت دۆلەتلەر كۇلۇبى» قاتارلىق ناملارنى بەردى . **2006** ـ يىلى **7** ـ ئايدا ، ئامېرىكا ئارمىيىسى ئۇرۇش فاكولتېتى پروفېسسورى ستېفن بىلەننىڭ **(Stephen Blank)** «ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى خەلقئارا مۇناسىۋەت كومىتېتى ئوتتۇرا شەرق

www.taklimakan.biz

ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارماق كومىتېتىدا ئۆتكۈزۈلگەن سىياسىي كېڭەشتە ، خىتاي ۋە روسىيە ش ھ ت قۇرۇلغاندىن بۇيان ، ئامېرىكىغا قارشى رايون بىخەتەرلىك تەشكىلاتى قۇرۇپ چىقىشنى پىلانلاپ كەلدى» دەپ قاردى . خىتاي تېخىمۇ ئاشكارا ھالدا ش ھ ت نى ئاسىيا بىخەتەرلىك ئۆلگىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ ئامېرىكا رەھبەرلىكىدىكى ئىتتىپاق تۈزۈمىنىڭ ئورنىنى ئالدىغانلىقىنى جاكارلىدى . **8** ـ ئايدا ، ئامېرىكا ئەنئەنىۋى فوندى جەمىيىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەتقىقاتچىسى ئارىئېل كوخېن. (**Ariel Cohen**) ئامېرىكا پارلامېنتى قارمىقىدىكى « خىتاي ـ ئامېرىكا ئىقتىساد ۋە بىخەتەرلىك باھالاش كومىتېتى» ئۆتكۈزگەن كېڭەشكە قاتناشقان . ئۇ يىغىندا «ش ھ ت نى خىتاينىڭ ياۋرو ـ ئاسىيادىكى يېڭى تۈزۈمىنى ئورۇنتۇشىنىڭ ۋاستىسى بولۇپ ، ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەربىي مەۋجۇدلۇقىنى كېمەيتىشىنى ۋە ئامېرىكىنىڭ دېمكوراتىك قىممەت قارىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى تىرىشچانلىقىنى توسۇشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى كۆرسەتتى» دەپ ئوتتۇرغا قويدى . ئامېرىكا ئالىمى توماس . ئەمبروسى (**Thomas Ambrosio**) «شاڭخەي روھى»غا نىسبەتەن ئانالىز ئېلىپ بارغان بولۇپ« مەزكۇر رايوندىكى مۇستەبىت ھاكىمىيەتنى قوغداش ئۈچۈن تەرتىپلەشكەن سىستېما قۇرۇپ چىقىشنى مەقسەت قىلغان » دەپ قاردى .

بۇ مەزگىلدە ، ياۋروپا ئىتتىپاقى ھەم ش ھ ت غا ئەستائىدىل مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى . ياۋروپا ئالىملىرى ھەم ئوخشاشلا ، **2005** ـ يىلى غەرب ئەللىرىنىڭ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا بولغان تونۇشىنىڭ ئۆزگىرىش يىلى دەپ قاردى . تېخىمۇ كۆپ ئەمەلدارلارنىڭ قارىشىچە ، ش ھ ت غەرب ئەللىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەنپەئەتىگە تەھدىت شەكىللەندۈرگەن بولۇپ ، ئاساسىي ئۈچ نۇقتىغا مەركەزلەشكەن:

بىرىنچى ، ش ھ ت غەربكە قارشى بولۇپ ، مەقسىتى ياۋروپا بىرلەشمىسى ۋە ئامېرىكىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىن سىقىپ چىقىرىش .

ئىككىنچى ، ش ھ ت خىتاي ـ روسىيە يېتەكچىلىكىدىكى يېڭى ھەربىي گورۇھ شەكىللەندۈرۈش ، شۇنداقلا غەرب ئەللىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەسكىرى مەۋجۇتلىقىنى چەكلەش .

www.taklimakan.biz

ئۈچىنچى، ش ھ ت دىكتاتورلار كۇلۇبىغا ئايلىنىپ بولدى، ئاساسىي ھەرىكەتلىرىدىن ئەندىجان ۋەقەسىدە ئۆزبېكىستان ھۆكۈمىتىنى قوراللىق قوغدىشى ۋە ئىتتىپاق ئورنىتىشى. 2007- يىلى ياۋروپا ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ ش ھ ت غا بولغان ئىستراتېگىيىسىنى تونۇشتۇردى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ش ھ ت غا كۈنسايىن كۆپىيىپ بارغان تەتقىقاتلىرى ئىچىدە ش ھ ت نىڭ ياۋروپا بىرلەشمىسىگە بولغان پايدا-زىيانلىرى، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ش ھ ت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەسىلىلەرگە نىسبەتەن كۆپ تەرەپلىمە مۇلاھىزە قىلىش ئېلىپ بېرىلدى.

بۇ تۆردىكى قەتئىيلىك تۈسىنى ئالغان سەلبىي قاراشتىن سىرت، بەزى مۇتەخەسسىسلارنىڭ قارىشىچە ش ھ ت غەرب ئەللىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن تەسىر يەتكۈزمەيدۇ، ئىككى تەرەپ ئورتاق مەنپەئەت ساھەسىدە ھەمكارلىشالايدۇ دەپ قارىغان. 2006- يىلى 9- ئايدا، كارنېگ خەلقئارا تىنچلىق تەتقىقات ئورگىنىدىكى پىروففېسسور مارزا ئولكوت (Martha Olcott) خېلسىنكى كومىتېتىدا ئېلىپ بېرىلغان گۇۋاھلىق يىغىنىدا:-« ش ھ ت ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتىگە ئويغۇن ئەمەس، ئەمما ھەم ئۇنىڭغا توسالغۇ بولۇشىنىڭ ھاجىتى يوق. ش ھ ت نى دېموكراتىك بولمىغان دۆلەتلەر بىرلەشمىسى دەپ تەنقىد قىلىش ئاسان، ئەمما بۇ تەشكىلات ئەزا دۆلەتلەرنىڭ دېموكراتىك دۆلەت بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بىر-بىرىگە باغلانمايدۇ. بىراق ئورتاق بىخەتەرلىك مەنپەئەتى ۋە تەھدىدى سەۋەبىدىن بىرلىككە كەلگەن» دەپ قارىدى. ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيە ئاسپىرانت فاكولتېتىدىكى جېففىرسون ئې. تورنىر ((Jefferson E. Turner 2005- يىلى ئېلان قىلغان «ش ھ ت تەشكىلاتى قەغەز يولۋاسمۇ ياكى كۈچلۈك تەشكىلاتمۇ؟» دېگەن باكالاۋېرلىق ئىلمىي ماقالىسىدە:-« ش ھ ت نى ھەرگىزمۇ خىتاي-روسىيە بىرلىشىپ ئامېرىكىغا قارشى قۇرۇلغان <مۇداپىئە تەشكىلاتى> دەپ قارالماسلىقنى، تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا ئۇ بىر كونتروللىقنى يوقاتقان تەشكىلات، ئامېرىكا ش ھ ت بىلەن تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش، يادرو قوراللىرىنىڭ كېڭىيىشىگە قارشى تۇرۇش ۋە رايوننىڭ مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە ھەمكارلىق ئورنىتىشى كېرەك» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى بەزى ئالىملارمۇ يەنە ش ھ ت

www.taklimakan.biz

بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش، زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىرىگە قارشى تۇرۇش ۋە ئېنېرگىيە ھەمكارلىقى قاتارلىق ساھەلەردە ئورتاق مەنپەئەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، ش ھ ت بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى تەشەببۇس قىلدى.

### 3) 2009 ـ يىلدىن 2013 ـ يىلغىچە: ش ھ ت غا قارىتا چۈشەنچىسى پىشىپ يېتىلگەن باسقۇچى

بۇ مەزگىلدە غەرب ئاقىللار ئامبىرى ۋە ئىلمىي ساھەلەرنىڭ ش ھ ت غا بولغان تەتقىقاتى بارا ـ بارا كېڭىيىپ ش ھ ت نىڭ تۈزۈم قۇرۇلمىسى، ئەزا دۆلەتلەرنىڭ بىخەتەرلىك، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق ساھالەردىكى ھەمكارلىق نەتىجىسى، شۇنداقلا ش ھ ت نىڭ تەرەققىيات كەلگۈسى ۋە يۇلۇققان رىقابەت قاتارلىق ساھەلەرگىچە يېتىپ باردى. ھۆكۈمەت تەرەپتىن، ئوباما ھۆكۈمىتى ش ھ ت غا نىسبەتەن دىپلوماتىيە سىياسىتى قوللانغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ش ھ ت نى ئافغانىستان ئۇرۇشىنى مۇقۇملاشتۇرۇشتىكى چوڭ ئىستراتېگىيە ھالقىسى قىلىشنى پىلانلىغان. بۇ خىل تارىخىي كۆرۈنۈش ئاساسىدا، ئامېرىكا ئالىملىرى ش ھ ت بىلەن ھەر خىل ھەمكارلىقنىڭ مۇمكىنچىلىكىگە دىققەت قىلىشقا باشلىدى. ئامېرىكا ئالىي تەتقىقات مەركىزى خىتاي تەتقىقات تارمىقىنىڭ مۇتەخەسسىسى جېفرىي رېۋس(Jeffrey Reeves) ئامېرىكا بىلەن ش ھ ت نىڭ ھەمكارلىقى ئۈچ جەھەتتىن نەپكە ئېرىشەلەيدۇ دەپ كۆرسەتتى: بىرىنچى: ئافغانىستان ۋەزىيىتىنى مۇقۇملاشقا پايدىلىق. ئىككىنچى: خىتاي ـ روسىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئامېرىكىنىڭ تەسىر كۈچىنى بىكار قىلىشتىن ئىبارەت پىلانىنى بەربات قىلىش. ئۈچىنچى: تېخىمۇ ئىلگىرلىگەن ھالدا ئىرانىنى چەكلەش. 2010 ـ يىلغا كەلگەندە، ئوباما ھۆكۈمىتى شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ چەكلىك رولىنى ھېس قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن بىر قاتار ئىككى تەرەپلىك ھەمكارلىققا قايتىپ كەلدى.

2011 ـ يىلى، بروكىڭس ئورگىنى ش ھ ت نىڭ ئون يىللىقىغا قارىتا ئېلىپ بارغان تەتقىقات دوكلاتىنى ئېلان قىلدى. دوكلاتتا مۇنداق دەپ


www.taklimakan.biz

كۆرستىلدى:-« ش ھ ت نىڭ ئىلگىرىكى <قەغەز يولۋاس> ياكى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ھەربىي رەقىبى دەپ تەسۋىرلەشنىڭ ھەر ئىككىسى توغرا ئەمەس. ئۆتكەن ئون يىلدا ، دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ، ش ھ ت تەرەققىي قىلىپ ئىككىلى قاراشنىڭ تەكېۋۈلىنىقدىكى تەشكىلاتقا ئايلاندى. ش ھ ت تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاشتىن باشقا يەنە باشقا دۆلەتلەر ۋە كۆپ تەرەپلىك تەشكىلاتلار بىلەن رەسمىي ۋە بىرەسمىي مۇناسىۋەت ئورناتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ش ھ ت بىخەتەرلىك ھەمكارلىقى ، ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ، جىددىي قۇتقۇزۇش ۋە سايلامنى نازارەت قىلىش قاتارلىق كونكرېت ساھەلەردە كۆرىنەرلىك ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى ، ش ھ ت خىتاي بىلەن روسىيەنىڭ نىشانىدىكى ئوخشىماسلىق ، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ئارىسىدىكى جىددىيلىك ، ئارىلاشماسلىق سىياسىتى بىلەن رايون بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئوتتۇرىسىدىكى جىددىيلىك قاتارلىق خىرىسلارغا دۇچ كەلمەكتە».

2013 - يىلى ، «ئاسىيا غا نەزەر»(Asia Survey) ژورنىلى ئۈچىنچى سانى داڭلىق ئالىملار يازغان ش ھ ت غا ئالاقىدار بەش پارچە ماقالە ئېلان قىلدى، ماقالىدە خىتاي ، روسىيە ، ئامېرىكا ۋە ياپونىيەنىڭ ش ھ ت غا بولغان كۆز قارىشى سىستېمىلىق رەتلەنگەن. ھەمدە ئۇنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چوڭ كۈچ سىنىشىش نۇقتىسىدىن خۇلاسە قىلىپ تەھلىل قىلدى. خۇلاسە شۇكى، ش ھ ت گەرچە ئەسكىرى ئىستىراتېگىيلىك ئەھمىيەتكە ئىگە رايون خاراكتېرلىك قاتناشقۇچى بولمىسىمۇ، (سەل قاراشقا بولمايدۇ) ش ھ ت غا ئەزا دۆلەتلەر بىر قاتار مەسىلىلەردە ھەمكارلىق ھاسىل قىلدى، بولۇپمۇ خىتاي-روسىيە مۇناسىۋەتىنى ماسلاشتۇرۇش، ئوتتورا ئاسىيادىكى ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئىشەنچ سەۋىيەسىنى شۇنداقلا غەرب ئەللىرى بىلەن بولغان سودا رىقابىتىنى يۇقىرى كۆتىرىش قاتارلىقلار. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شۇنى كۆرىۋېلىشقا بولىدىكى ، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ پارچىلىنىپ كەتكەن ۋە ئاجىز سىياسىي رېئاللىقى سەۋەبىدىن ، ش ھ ت نىڭ رايون بىخەتەرلىكى ۋە ئىقتىسادنىڭ بىر گەۋدىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىدە ئۈنۈم ھاسىل بولمىدى. شۇڭا، ش ھ ت ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئومۇمىي

www.taklimakan.biz

ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن يىراق.

بۇ مەزگىلدە، ياۋروپا ئىتتىپاقىغا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتچىلار ش ھ ت رايون ھەمكارلىقى، ئەتراپتىكى رايونلارنىڭ مەنپەئەتى ۋە دىپلوماتىيەسىنى مۇستەھكەملەش نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلدى. خېلسىنكى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى تېمۇ ناراجارۋي (Teemur Naarajrvi):-« خىتاي-روسىيە ش ھ ت رەھبەرلىرى، ئەمما ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە ئوخشىماسلىق ش ھ ت نىڭ تەرەققىي قىلىپ تېخىمۇ ئەتراپلىق رايون تەشكىلاتىغا ئايلىنىشىغا، ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ چوڭقۇر دەرىجىدە بىر گەۋدىلىشىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ» دېدى. بىرمىنھام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى ستېفېن ئىرىس (Stephen Aris) ئۇ:« ش ھ ت غەربكە قارشى گورۇھ» ۋە «ش ھ ت نىڭ تەشكىلىي تۈزۈلمىسى ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ھەمكارلىقىنى چەكلەيدۇ» دېگەن ئىككى قاراشنى رەت قىلدى. ئۇ:-« ش ھ ت غا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئاساسلىق كۆڭۈل بۆلىدىغىنى دۆلەت ئىچىدىكى مۇقىملىقنى قوغداش ۋە رايون ئىچىدىكى بىخەتەرلىك خىرىسلىرىنى ھەل قىلىش بولۇپ، گەرچە ش ھ ت نىڭ مېخانىزمى مۇكەممەل بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ رايون قۇرۇلمىسى ۋە ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ھاكىمىيەت شەكلىگە تېخىمۇ ماس كېلىدۇ. ئۇ ھازىرغا قەدەر بىر قەدەر مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى ئىسپاتلىدى» دەپ قارىدى. ئۇ يەنە ش ھ ت ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنى سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلدى، ش ھ ت نىڭ ئەزالىقى ۋە تۈزۈلمىلىشىش دەرىجىسى جەھەتتە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئوخشىمايدۇ. ئەمما ھەر ئىككى تەشكىلاتنىڭ مۇھاكىمە قىلىدىغان مەسىلىلەر ۋە ھەمكارلىق ئەندىزىسى ئوخشاشلىقىقا ئىگە، مەسىلەن: ئورتاق روھقا ئەھمىيەت بېرىش، جانلىقلىق ۋە ھاكىمىيەت بىخەتەرلىكىگە ئەھمىيەت بېرىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 4) 2014 يىلدىن2020- يىلغىچە: يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدىكى ش ھ ت غا ھۆكۈم قىلىش باسقۇچى

بۇ مەزگىلدە، غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ش ھ ت غا ئەھمىيەت بېرىشى- ئاساسلىقى

www.taklimakan.biz

ئافغانىستاندىن ئەسكەر چېكىندۇرۇش تاماملانغاندىن كېيىنكى رولىغا مەركەزلەشتى، خىتاينىڭ ش ھ ت غا رەھبەرلىك قىلىشى، قۇرۇپ چىقىشى ۋە ش ھ ت نىڭ كېڭىيىشى «بىر بەلۋاغ، بىر يول» ئارقا كۆرۈنۈشىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

2015 ـ يىلى، ئامېرىكا تاشقى مۇناسىۋەتلەر كېڭىشىنىڭ تور بېكىتى ش ھ ت نىڭ ئەڭ يېڭى ئەھۋالى توغرىسىدا ماقالە ئېلان قىلدى. ماقالىدە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: ـ« ش ھ ت غا ئەزا دۆلەتلەر ئىككى تەرەپلىك بىخەتەرلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا مايىل، ئەمما ئەزا دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە ئىشەنچسىزلىك ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ئافغانىستان بىخەتەرلىك مەسىلىسىدە بىرلىككە كەلگەن ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت شەكىللەندۈرۈشىنى چەكلەيدۇ. سىياسىي غەرەزنىڭ كەمچىللىكى ۋە ئىقتىسادىي ئىقتىدارنىڭ چەكلىكلىكى تۈپەيلى  ش ھ ت ئافغانىستان مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا ئۈنۈملۈك تۆھپە قوشالمىدى». ھىندىستان ئالىمى راج. شارما (Raj Kuamr Sharma) ش ھ ت نىڭ ئافغانىستاندىكى ئىستىقبالى ۋە يۇلۇققان خىرىسلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەھلىل قىلدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ش ھ ت نىڭ ئافغانىستان مەسىلىسىدىكى رولى 2014 ـ يىلدىن كېيىن كۈچىيىشى ناتايىن. بىر تەرەپتىن قارىغاندا، روسىيە ئافغانىستاننى ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى تەسىر دائىرىسىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايدۇ، كوللېكتىپ بىخەتەرلىك شەرتنامىسى تەشكىلاتى (CSTO) ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا بىخەتەرلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا مايىل. يەنە بىر تەرەپتىن، ش ھ ت نىڭ ئافغانىستاننى زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىكى قاتارلىق رايون ھالقىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىقتىسادىي ياكى باشقا ياردەم بىلەن تەمىنلەيدىغان مالىيە كۈچى كەمچىل. بۇنىڭدىن بۇرۇن، روسىيە مۇتەخەسسىسى دىمىترى تېرنىن(Dmitri Trenin) ۋە ئالېكسى مالاشىنكو: ـ« ش ھ ت نىڭ مالىيە جەھەتتىكى توسالغۇلىرى ئۇنىڭ ئافغانىستاندا مۇھىم رول ئوينىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى» دەپ تەكىتلىدى.

«بىر بەلۋاغ، بىر يول» تەشەببۇسى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن بۇيان، غەربنىڭ سىياسىي ۋە ئىلمىي ساھاسىدە خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پائالىيىتى، ش ھ ت غا رەھبەرلىك قىلىشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى قاتارلىق مەسىلىلەرگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىلمەكتە. شۇلارنىڭ ئارىسىدا ۋەكىل خاراكتېرلىك تەشكىلاتلارنىڭ بىرى ئامېرىكا ـ خىتاي ئىقتىساد ۋە بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش كومىتېتى( U. S.—China Economic and Security Review Commission) ۋە ياۋروپا پارلامېنت تەتقىقات ئىشخانىسى

www.taklimakan.biz

(European Parliamentary Research Service, EPRS) قاتارلىقلار ئىلان قىلغان ئۈچ پارچە سىياسى تەھلىل ماقالىسى.

**2015** ـ يىلى **3** ـ ئاي، ئامېرىكا ـ خىتاي ئىقتىساد ۋە بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش كومىتېتى خىتاي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا توغرىسىدا ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى ئاچتى. جون خوپكىنس ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كاۋكاز تەتقىقات ئورگىنى ئورگان باشلىقى فرىدرىك ستار (Frederick Starr) يىغىندا: ـ« خىتاينىڭ <يېڭى يىپەك يولى> تەشەببۇسى ۋە خىتاي بىلەن ياۋروپا ئوتتۇرىسىدا قۇرۇقلۇق كارىدورى ئېچىش پىلانىنىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىي كۈچ سىنىشىش خاراكتېرى بار. بۇ تەشەببۇس ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ روسىيەگە بولغان تايىنىشچانلىقىنى ئازايتىپ، خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي <جان تومۇرى> نى كونترول قىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. ھازىرچە، غەربنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قاراتقان سىياسىتى خىتابنامە سەۋىيىسىدە تۇرۇۋاتىدۇ، بۇ يەردە ياخشى تەرتىپلەنگەن ئىستراتېگىيىمۇ، ماس ئىستراتېگىيىسىمۇ يوق. ئەگەر غەرب ھۆكۈمەتلىرى يېڭى پىلانلارنى ئاكتىپلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ خىتاي ـ ياۋروپا كارىدورىدىكى <يۇمشاق> ئۇل ـ ئەسلىھەلىرىدە ئاكتىپ رول ئويناپ ئەشيا ئوبوروتى، سۇغۇرتا، مېھمانسارايى، يېقىلغۇ بىلەن تەمىنلەش قاتارلىقلارنى كونترول قىلمىسا، ئوتتۇرا ئاسىياغا نىسبەتەن <تەڭپۇڭلۇق> ئىستراتېگىيىسى <ئەخمەقلارنىڭ ئارزۇسى>غا ئايلىنىدۇ ـ دە، ئوتتۇرا ئاسىيامۇ خىتاي ۋە روسىيەنىڭ قولىدا بولىدۇ» دىگەنلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

**2015** ـ يىلى **6** ـ ئايدا، ياۋروپا ئالىمى گىسرا .گرىگر(Gisela Grieger) «خىتاينىڭ ش ھ ت دىكى باشلامچىلىق رولى» ناملىق قىسقىچە سىياسى ماقالە ئېلان قىلىندى. ئۇ ئايال مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ـ« ش ھ ت ئامېرىكىنىڭ زومىگەرلىكى ۋە بىر تەرەپلىمىلىكىنى ئاساس قىلغان ھەمكارلىق ئەندىزىسىنى ئەمەس، بەلكى خىتاينىڭ كۆپ قۇتۇپلۇق دۇنيا تەرتىپىگە بولغان كۆز قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان يېڭى ھەمكارلىق ئەندىزىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ش ھ ت قۇرۇلغاندىن بۇيان، خىتاي ئۆزىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك كۈن تەرتىپىنى ئىلگىرى سۈرۈپ بىخەتەرلىك، جۇغراپىيىلىك سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قولغا كەلتۈردى. خىتاي ش ھ ت نى كۆپ تەرەپلىمە سەھنە قىلىپ، غەربىي رايون چېگراسىغا تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغان غەيرى دۆلەت تەشكىلاتلىرىغا قارشى تۇردى ۋە خىتاي ـ روسىيە مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزمىگەن ئاساستا، ئوتتۇرا ئاسىيادا پۇختا ئىقتىسادىي

www.taklimakan.biz

ۋە سىياسىي ئاساس سالدى، ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن كەڭ كۆلەملىك ئۇل ئەسلىھەگە مەبلەغ سېلىش ۋە سودا مۇناسىۋىتى ئارقىلىق ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلدى».

**2020**- يىلى، ئامېرىكا ئالىملىرى «ش ھ ت: خىتاينىڭ كۈچ كۆرسىتىش سىناق مەيدانى» ناملىق ئۇزۇن دوكلات ئېلان قىلدى. دوكلاتتا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: -« يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خىتاي ش ھ ت دىن پايدىلىنىپ چېگرادىن ھالقىپ كۈچ كۆرسىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى. بىر تەرەپتىن، ش ھ ت نىڭ ھەربىي مانېۋىرى خىتاي ئارمىيىسىنىڭ چەتئەلدە، ھاۋادىن قۇرۇقلۇققا قارشى جەڭ قىلىش مانېۋىرى ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن ئۆزگىچە پۇرسەت بىلەن تەمىنلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، خىتاي ش ھ ت دىن پايدىلىنىپ دىپلوماتىك كۈچ كۆرسىتىش ۋە مۇناسىۋەتلىك تەرتىپلەرنى ئورۇنلىدى. ھازىر، خىتاي دىپلوماتىك مۇناسىۋەتتىن ئاكتىپ پايدىلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەربىي مەۋجۇتلۇقىنى ئىلگىرى سۈردى. مەسىلەن: تاجىكىستاندىكى ھەربىي قاراۋۇللار ئارقىلىق خىتاي- تاجىكىستان- ئافغانىستان چېگرا رايونىدا تېرورلۇققا قارشى چارلاش ئېلىپ بېرىش. كەلگۈسىدە، خىتاي بۇ تەدبىرلەرنى كۆچۈرۈپ دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا تارقىتىشى مۇمكىن».

ش ھ ت نىڭ كېڭەيىش مەسىلىسىگە قارىتا، غەرب ئالىملىرى بىر قانچە تەرەپتىن بۇ مەسىلىنىڭ پايدىلىق ۋە زىيانلىق تەرەپلىرىنى تەھلىل قىلدى.

كېڭەيىش مۇددىئاسى مەسىلىسىدە، نۇرغۇن ئالىملار روسىيەنىڭ كېڭەيىشنى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئاساسلىق مەقسەتى خىتاينىڭ ش ھ ت غا بولغان تەسىرىنى سۇسلاشتۇرۇش ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالدى.

بۇنىڭ ئىچىدە، كارنېگى موسكۋا مەركىزى ئوبزور ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ مەيدانىنى ئۆزگەرتىپ، تەشكىلاتنىڭ كېڭەيىشىنى قوبۇل قىلىشىدىكى سەۋەبلەرنى تەھلىل قىلدى.

بىرىنچى، خىتاي ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن ئاساسلىق ئىككى تەرەپلىك يوللار ئارقىلىق ئالاقە قىلالايدۇ.

ئىككىنچىدىن، ش ھ ت غا سېلىشتۇرغاندا، «بىر بەلۋاغ، بىر يول» تەشەببۇسى خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جۇغراپىيىلىك ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە

www.taklimakan.biz

تېخمۇ پايدىلىق .

ئۇچىنچىسى ، خىتاينىڭ مەركەز قىلغان كۆپ تەرەپلىك ئورگانلارنىڭ (مەسىلەن : ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە مەبلەغ سېلىش بانكىسى **AIIB** ) تەسىس قىلىنىشى ش ھ ت غا بولغان ئېھتىياجنى تۆۋەنلەتتى .

ش ھ ت نىڭ كېڭىيىشىنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرى ۋە پايدىسىز تەرەپلىرى توغرىسىدا غەرب ئالىملىرى ئوخشىمىغان كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى . ئالېكساندىر كولى(**Alexander Cooley**) كېڭىيىش ش ھ ت نى «سىمۋوللۇق تەشكىلاتقا ئايلاندۇرىدۇ ، رايوننى ماھىيەتلىك بىر گەۋدىلەشتۈرۈش ياكى ھەمكارلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان تەشكىلات ئەمەس» دەپ قارىدى .

پائۇل سترونسكي ۋە رىچارد سوكولسكي(**Paul Stronski and Richard Sokolsky**) مۇنداق دەپ كۆرسەتتى:ـ« ش ھ ت نىڭ كېڭىيىشى بۇ تەشكىلاتنىڭ بازارنى قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە ، جەنۇبىي ئاسىيا ۋەزىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىشكە ۋە ئافغانىستان مەسىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايون بىخەتەرلىك مەسىلىسىنى تېخىمۇ ياخشى تاقابىل تۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ .

ئەمما ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىك مۇناسىۋىتى ش ھ ت نىڭ تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەمكارلىقى ۋە ئاخباراتتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىدۇ ھەمدە ئەزا دۆلەتلەرنىڭ تەدبىر بەلگىلەشتە بىردەكلىك ھاسىل قىلىشىنى قىيىنلاشتۇرىدۇ» .

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار دىپلوماتىيە كېڭىشى مۇتەخەسسىسلىرى ۋىلىيام پىيكوس(**William Piekos**) ۋە ئېلىزابېت ئوكونومىي(**Elizabeth C. Economy**):ـ«كېڭىيىش ـ ش ھ ت نىڭ قارار چىقىرىش ۋە ھەرىكەتكە توسقۇنلۇق قىلىسىمۇ ، ئەمما ش ھ ت غا ئاسىيانىڭ تېخىمۇ كەڭ رايوننى تۇتاشتۇرىدىغان ۋە بىرلەشتۈرىدىغان تېخىمۇ ئەتراپلىق ئورگان قىلىپ قۇرۇپ چىقىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ» دەپ قارىدى .

www.taklimakan.biz

## 2. ش ھ ت نىڭ ئۆتكەن 20 يىلدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە مەسىلىلىرىنى باھالاش

ش ھ ت قۇرۇلۇشىنىڭ دەسلەپىدە ، غەرب دۆلەتلىرىنىڭ بۇ تەشكىلاتنى چۈشىنىشى ۋە ئورۇن بەلگىلىشى ئېنىق ئەمەس بولۇپ، ئۇلار بۇ تەشكىلاتنى جۇغراپىيىلىك سىياسىي قارشىلىشىش نۇقتىسىدىن ئىزاھلاشقا مايىل بولغان.

**20** يىللىق تەھلىل ۋە تەتقىقاتتىن كېيىن ، غەرب دۆلەتلىرى ش ھ ت نىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى ، ھەرقايسى ساھەدىكى ھەمكارلىقىنىڭ ئىلگىرىلىشى ۋە ئۇ دۇچ كەلگەن بىر قاتار خىرىسلارنى تېخىمۇ ئەتراپلىق چۈشەندى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ، كۆپىنچە غەرب ئالىملىرى ش ھ ت ئۆتكەن **20** يىلدا ئاز بولمىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى ، ئۇ ئەزا دۆلەتلەر ئارىسىدا ئۆز ـ ئارا ئىشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىدى ، ئەمما بىخەتەرلىك ساھەسىدىكى بىرلىشىش ئانچە كۆپ نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى ۋە ئۇنىڭ تاشقى تەسىرى بىر قەدەر چەكلىك بولدى دەپ قارايدۇ.

**1)** رايون ۋەزىيىتىگە ماس كېلىدىغان رايون ھەمكارلىق ئەندىزىسىنى ئورنىتىپ ، ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىش ئارقىلىق ئەزا دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ـ ئارا ئىشىنىش ۋە ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش.

ئەزا دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي تۈزۈلمە ، ئىقتىسادىي كۈچ ، دىپلوماتىك يۆنىلىش ، دىنىي مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتتىكى كۆپ خىللىقنى كۆزدە تۇتۇپ ، ش ھ ت قوللانغان كۆپ تەرەپلىك ھەمكارلىق رامكىسى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ ئەندىزىسىگە يېقىن بولۇپ ، ئىچكى ئىشلارغا ئارىلاشماسلىق پرىنسىپىنى، شۇنداقلا ئورتاق تونۇشنى ئاساس قىلغان تەدبىر بەلگىلەش تەشەببۇس قىلىندى.

«شاڭخەي روھى» ئوخشىمىغان تەرەققىيات باسقۇچىدىكى ۋە ئوخشىمىغان ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەن ئەزا دۆلەتلەرگە ماس كېلىدىغان ، ئېھتىياتچان ۋە تۆۋەن قاتلامدىكى ھەمكارلىق ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ش ھ ت قۇرۇلغان **20** يىلدىن بۇيان، تەشكىلات خىتاي ۋە روسىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەنپەئەتىنى كونترول قىلىش ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ

www.taklimakan.biz

كۆچىنى تەگىپۆگىلاشتۇرۇشتا مۇھىم سەھنە رولىنى ئوينىدى.

قانداقلا بولمىسۇن ، ئەزا دۆلەتلەر ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىق ، ئىگىلىك هوقۇق ۋە سىياسىي تۈزۈلمىسىنىڭ جانلىقلىقىغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن ، ش ھ ت نىڭ ھەر قايسى ساھەلەردە مۆلچەردىكى ھەمكارلىق سەۋىيىسىگە يېتىشى تەس.

2) بىخەتەرلىك ھەمكارلىق ساھەلىرى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىۋاتىدۇ ، ئەمما ھەمكارلىقنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى يۇقىرى ئەمەس. ش ھ ت قۇرۇلغاندىن بۇيان، «ئۈچ خىل كۈچ» كە قارشى تۇرۇش ئەزەلدىن ئەزا دۆلەتلەر ئارىسىدىكى بىخەتەرلىك ھەمكارلىقىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى بولۇپ كەلدى.

2004 ـ يىلى قۇرۇلغان رايونلۇق تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ئورگىنى (RATS) دۆلەت ھالقىغان تېرورلۇققا قارشى تۇرۇشتا «ئۈچ خىل كۈچ» نىڭ سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى قۇرۇش ، ئاخباراتتىن ئورتاق بەھرىلىنىش ۋە ئەزا دۆلەتلەر ئارىسىدا تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇنلىرىنى ماسلاشتۇرۇشتا پايدىلىق رول ئوينىدى.

لېكىن ، غەرب تەتقىقاتچىلىرى ش ھ ت نىڭ رايون خاراكتېرلىك بىرلەشمە زەربە بېرىش ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئەزا دۆلەتلەرنىڭ تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى قوزغىتىشتا كۆرىنەرلىك رول ئوينايدىغانلىقىدىن گۇمانلاندى. غەرب كىشىلىك هوقۇق تەشەببۇس قىلغۇچىلىرى ش ھ ت نىڭ «ئۈچ خىل كۈچ» كە بولغان مۇجمەل چۈشەنچىسىنى تەنقىد قىلدى ، بۇ قارا تىزىملىكتە هازىرقى هاكىمىيەتكە قارشى تۇرىدىغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. ئۇنىدىن باشقا ، تېرورلۇق قارا تىزىملىكى ۋە سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنىڭ تۈزۈپ چىقىش ئۆلچىمىگە قارىتا ئېنىقلىقى يېتەرلىك ئەمەس. بۇ ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئۆكتىچىلەرنى باستۇرۇش ۋە هاكىمىيەت بېشىدىكى سەرخىللارنى دۆلەت ئىچى كونتروللۇقىنى مۇستەھكەملەش قورالى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

2000 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ، ش ھ ت رايون مۇقىملىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئەتراپلىق تەدبىرلەرنى يۈرگۈزۈش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتى ۋە رايون بىخەتەرلىكى تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغان يوشۇرۇن ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك كىرزىسنى قانداق ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى.

www.taklimakan.biz

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ش ھ ت ـ تەشكىللىك جىنايەت، قانۇنسىز زەھەرلىك چېكىملىك سودىسى، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي نامراتلىق، سايلامنى نازارەت قىلىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ۋە تور تېررورلۇقىغا تاقابىل تۇرۇشنى تەدرىجىي كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزدى.

ش ھ ت يەنە ئەنئەنىۋى بولمىغان بىخەتەرلىك تەھدىتىگە تاقابىل تۇرۇشتىن باشقا، قەرەللىك ھالدا بىرلەشمە ھەربىي مانېۋىر ئېلىپ بارىدۇ. مانېۋىر ئارقىلىق ئەزا دۆلەتلەر ئەمەلىي جەڭ تاكتىكىسى مەشىق قىلىش ۋە قورال ئىشلىتىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپلا قالماي، يەنە باشقا دۆلەتلەردىن ھەربىي تېخنىكا ۋە مەشغۇلات قىلىشقا پايدىلىق تەجرىبىلەرنى ئۆگەندى.

ئەمما، بەزى ئالىملار بۇ مانېۋىرلارنى ئۆتكۈزۈشتىكى مەقسەتنىڭ ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ياكى تاكتىكىلىق سەۋىيىدە ئەسكىرى بىردەكلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئەمەسلىكىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ش ھ ت يولغا قويغان «ئارىلاشماسلىق پرىنسىپى» رايون كرىزىسىغا تاقابىل تۇرۇشتىن چەكلەيدۇ. 2010 ـ يىلى قىرغىزىستاننىڭ ئوش شەھىرىدە يۈز بەرگەن مالىمانچىلىقتىن كېيىن، ش ھ ت نىڭ ھەرىكەتسىزلىكى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ كەڭ تەنقىدىگە ئۇچرىدى.

3) ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنىڭ نەتىجىسى مۆلچەردىكىدىن تۆۋەن بولۇپ، بىر گەۋدىلىشىش زور قارشىلىققا ئۇچرىدى. ش ھ ت غا ئەزا دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ساھەدىكى ھەمكارلىق سەل كېيىن باشلانغان. 2003 ـ يىلى ش ھ ت كۆپ تەرەپلىك ئىقتىسادىي ۋە سودا ھەمكارلىقىنىڭ پىلانىنى ئېلان قىلدى، ھەمدە پۇل ـ مۇئامىلە، سودا، ئۇل ـ ئەسلىھە، تېلېگراف، دېھقانچىلىق، ئېنېرگىيە ۋە باشقا ساھەلەرگە چېتىشلىق 100 دىن ئارتۇق ھەمكارلىق تۈرىنى بېكىتتى.

بۇ پىلاننى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ش ھ ت سانائەتچىلەر كېڭىشى ۋە بانكىلار بىرلەشمىسىنى قۇردى. ھازىرغا قەدەر، بىر قىسىم چوڭ تىپتىكى ئۇل ئەسلىھە تۈرلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پىلانلانغان نۇرغۇن تۈرلەر ئىجرا قىلىنمىدى. 2006 ـ يىللىق ش ھ ت دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنىدا، پۇتىن «ش ھ ت ئېنېرگىيە كۇلۇبى» قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئەزا دۆلەتلەر ئارىسىدا ئېنېرگىيە بازىرىنى تەرتىپلەش، ئېنېرگىيە بايلىقىنى

www.taklimakan.biz

ئورتاق ئېچىش ۋە تۇرۇبا يولى تۇرىدە ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىشنى ئۈمىد قىلىدى. ئەمما، ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئوخشىمىغان مەنپەئەتىنى ماسلاشتۇرۇشنىڭ قىيىنلىقى سەۋەبىدىن، بۇ ئىدىيە ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن تەدرىجىي سۇسلاشتى.

ئەزا دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ۋە ئېچىۋېتىشى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ش ھ ت نىڭ رامكىسى ئىچىدىكى ئىقتىسادنىڭ بىرلىشىشى غايەت زور قارشىلىققا ئۇچرىدى.

خىتاينىڭ ش ھ ت نىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئاساسلىق ئويلىغانلىرىدىن بىرى باشقا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ تاموژنا بېجىنى تەدرىجىي چىقىرىپ تاشلاپ، دۆلەت ئىچى سانائىتى ئۈچۈن يېڭى بازار ئېچىشقا تۈرتكە بولۇش.

بۇنىڭ ئۈچۈن، خىتاي ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە دۆلەتنىڭ ئۇل ئەسلىھە تۈرلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن قەرەللىك قەرز بېرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ش ھ ت ئەركىن سودا رايونى ۋە شاڭخەي ھەمكارلىق تەرەققىيات بانكىسىنى قۇرۇش تەشەببۇسى ناھايىتى بالدۇر ئوتتۇرىغا قويىدى. روسىيە خىتاي بىلەن ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ پەرقىنى كۆزدە تۇتۇپ، خىتاينىڭ ئىقتىسادىي تەشەببۇسىنى قوللاشنى خالىمىدى.

بىر تەرەپتىن، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى خىتايدىن كۆپ مىقداردا قەرزگە ئېرىششى - ئۇلارنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا بولغان كونتروللۇقىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىشىدىن ئەندىشە قىلماقتا. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى بوشاتقاندا، خىتاي مەھسۇلاتلىرى دۆلەت ئىچىگە بۆسۈپ كىرىپ جەمئىيەت ئىقتىساد مەسىلىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭلاشقا، تاموژنا بېجى توسقىنى ئازايتىش ۋە ئىقتىسادنىڭ بىر گەۋدىلىشىش مۇساپىسىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئانچە ئاكتىپ ئەمەس.

**4)** تاشقى پېرىپۋوت قاتلاملىق، ئەمما تەسىرى بىر قەدەر چەكلىك. ئۆزۈندىن بۇيان، غەرب ئالىملىرىنىڭ ش ھ ت غا بولغان تەنقىدى كۆپەيدى، چۈنكى خىتاي بىلەن روسىيە ئۇنى غەربكە قارشى «يۇمشاق تەڭپۇڭلاشتۇرۇش» قورالى قىلىپ كەلدى. ش ھ ت بىلەن غەرب دۆلەتلىرى

www.taklimakan.biz

ئوتتۇرىسىدا خەلقئارا مۇناسىۋەت قائىدىسى ۋە نورغۇن خەلقئارالىق رايون مەسىللىرى توغرىسىدا جىددىيلىك مەۋجۇت.

ئەمما ئۆتكەن بىر قانچە يىلدا، ش ھ ت غەرب دۆلەتلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ۋە تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن تەدرىجىي ھالدا بىر يۈرۈش ئىستراتېگىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

ياۋروپالىق ئالىم ستىفېن ئارىس(Stephen Aries) مۇنداق دەپ كۆرسەتتى:-« ش ھ ت غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا ئىقتىسادىي ۋە ئىدىيىۋى سىڭىپ كىرىشىنى داۋاملىق چەكلەيدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ غەرب بىلەن تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئافغانىستان مەسىلىسىدىكى ھەمكارلىقنى يوققا چىقارمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ياۋرو-ئاسىيا سىرتىدىكى رايون ۋە دۇنياۋى ھەمكارلىق ئۈچۈن كەڭ ئىتتىپاق ئىزدەيدۇ.

ئۇ ئاساسلىقى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بىلەن بولغان خىزمەت مۇناسىۋىتى ئورنىتىش ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى، مۇستەقىل دۆلەتلەر ئورتاق گەۋدىسى، CSTO(ئورتاق بىخەتەرلىك شەرتنامە تەشكىلاتى)، APEC(ئاسىيا تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق فوندى) ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى بىلەن چۈشىنىش ئەسلەتمىسى ئىمزالاشتا ئىپادىلىنىدۇ. ئەمما ھازىر ش ھ ت نىڭ تەسىرى ئاساسلىقى ياۋرو-ئاسىيا رايونىدا بولۇپ رولى بىر قەدەر چەكلىك».

www.taklimakan.biz

## 3. ش ھ ت نىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا بولغان كۆز قاراش

ھازىر غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ش ھ ت نىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات ئىستىقبالىغا قارىتا ئوخشىمىغان ئۈچ خىل كۆز قارىشى بار.

بىرىنچى خىل قاراش: بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ش ھ ت ياۋرو ـ ئاسىيا ۋەزىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر قانچە مۇھىم رايون تەشكىلاتلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ش ھ ت ئەزا دۆلەتلەرگە ۋاكالىتەن ئافغانىستان، سۈرىيە ۋە باشقا مەسىلىلەر ھەققىدە ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ خەلقئارا جەمئىيەتتىكى مەۋجۇتلۇق قىممىتىنى ئاشۇردى. كۆنسېرى كۈچىيىۋاتقان رايونلۇق بىخەتەرلىك ئورگىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن ش ھ ت داۋاملىق تۈردە شېرىك ئىزدەپ، ھەرقايسى ساھەدىكى ھەمكارلىقنى كېڭەيتىپ، دۇنيا مىقياسىدا تېخىمۇ چوڭ رول ئويناۋاتىدۇ.

غەربنىڭ سىياسىي ساھەسىمۇ ش ھ ت غا بولغان دىققىتى ۋە تەتقىقاتىنى كېڭەيتىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، خىتاينىڭ ش ھ ت دىن داۋاملىق پايدىلىنىپ كۈن تەرتىپىنى ئىلگىرى سۈرۈشى، ش ھ ت نى خەلقئارالىق ئىشلارغا قاتنىشىش ۋە شەكىللەندۈرۈشنىڭ قورالى قىلىش ئارقىلىق دۇنياۋى رەھبەرلىككە يېتىپ، ھازىرقى خەلقئارا ئۆلچەم ۋە غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئەتىگە تەھدىت سېلىشىدىن ئالاھىدە ئەندىشە قىلماقتا.

ئىككىنچى خىل قاراش: ش ھ ت نىڭ ئىستىقبالىغا سەل قارش. ش ھ ت رەھبەرلىك ئورنىغا ئىگە رايون تەشكىلاتىغا ئايلانمىدى، شۇنداقلا «جۇغراپىيىلىك سىياسىي ئىنقىلاب» قوزغىمىدى.

ئىقتىسادىي ھەمكارلىقتا ھەددىدىن زىيادە ۋەدە بېرىلگەن ۋە يەتكۈزۈلمىگەن. ش ھ ت نىڭ ئەڭ ئەۋۋەلقى نىشانىغا يېتەلىشىنى، بولۇپمۇ كۆپ تەرەپلىك ھەمكارلىق ئارقىلىق «ئۈچ خىل كۈچ» كە قارشى تۇرۇشتىكى ئەسلى مەقسىتىگە يېتەلەيدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس.

ش ھ ت كەلگۈسىدە داۋاملىق زەھەرلىك چېكىملىككە، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئافغانىستاندىكى مۇقىمسىزلىقنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنى ئۈز ئىچىگە ئالغان مەسىلىلەردە پايدىسىز رول ئوينايدۇ.

www.taklimakan.biz

يەنە بەزى ئالىملار بۇ ئىككى خىل قارشىنىڭ ئوتتورىسىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارشىچە، ش ھ ت نىڭ رولىنى بەك چوڭ بىلىۋېلىشقا بولمايدۇ، ھەم «پاراڭلىشىش زالى» دەپ قاراشقىمۇ بولمايدۇ.

ئەگەر تۆۋەندىكى خىرىسلار ئۈنۈملۈك ھەل قىلىنسا ، ش ھ ت رايون ۋە دۇنيا ئىشلىرىدىكى مۇھىم رولچىغا ئايلىنىپ قىلىش ئېھتىماللىقى بار.

1) ھەمكارلىق كۈن تەرتىپىنى ئۈنۈملۈك يولغا قويالامدۇ ـ يوق؟ ش ھ ت دۈچ كەلگەن ئاساسلىق خىرىسلارنىڭ بىرى ، جاكارلىغان تۈرلۈك كېلىشىم ۋە ھەمكارلىق تۈرلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلالماسلىق.

دۆلەت ئاتلىغان ھوقۇق كەمچىل بولغانلىقتىن ، ش ھ ت غا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ كېلىشىمنى يولغا قويۇشقا قەتئىيلىك بىلەن تۈرتكە بولىدىغان زۆرۈر ۋاسىتىلەر كەمچىل. ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ش ھ ت كېلىشىمنى تەكشۈرۈش ، تەستىقلاش ۋە ئىمزا قويۇشقا ئادەتتە ئۇزۇن ۋاقىت كېتىشى بىلەن بۇ مەسىلە تېخىمۇ كەسكىنلەشتى. بۇنىڭدىن باشقا ، ش ھ ت تەرەققىيات فوندى قۇرۇش تەكلىپى ئۇزۇن يىل كېچىكتۈرۈلۈپ ، ش ھ ت نىڭ ئۆز بايلىقىدىن پايدىلىنىپ تۈرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىقتىدارى چەكلەنگەن.

2) ختاي بىلەن روسىيە ش ھ ت نىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىدىكى پەرقىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالامدۇ ـ يوق؟ چۈنكى ، ختاي بىلەن روسىيە رايون بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقىنى قوغداشتا ئورتاق مەنپەئەتكە ئىگە.

لېكىن ، ئىككى تەرەپنىڭ ش ھ ت غا بولغان كۆز قارىشىدا زور پەرق بار. روسىيەنىڭ ش ھ ت غا مەبلەغ سېلىش ئىستىكى ، ئېنېرگىيەسى ۋە بايلىقى ختايدىن كۆپ تۆۋەن.

روسىيەگە نىسبەتەن ، ش ھ ت نىڭ رولىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ختاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەسىرىنى چەكلەشكە ياردەم بېرىدۇ.

بۇ، ختاينىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىقتىسادىي مەۋجۇتلۇقىنى كۈچەيتىپ ، بىخەتەرلىك سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇشقا

www.taklimakan.biz

تىرىشىۋاتقانلىقى ئۈچۈن تېخمۇ تەخىرسىز.

ئېنېرگىيە ، ئىقتىسادىي ۋە دۆلەت ئىچكى بىخەتەرلىك سەۋەبلىرى تۈپەيلىدىن ، خىتاي ش ھ ت رامكىسى ئارقىلىق ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ ، ئەمما بۇ تەشەببۇس رۇسىيەنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. گەرچە ش ھ ت غا قاراتقان سىياسەتتىكى پەرق ئۈزۈندىن بۇيان مەۋجۇت بولسىمۇ ، ئۇكرائىنا كرىزىسىدىن كىيىن تېخمۇ كېڭەيدى.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى ، خىتاي بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى رىقابەت ش ھ ت نىڭ ھەمكارلىق دائىرىسىنى چەكلەيدۇ.

**3) باشقا رايون تەشكىلاتلىرى ۋە تەشەببۇسلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشى ماسلاشتۇرغىلى بولامدۇ؟**

ش ھ ت غا ئەزا دۆلەتلەر يەنە **CSTO**(ئورتاق بىخەتەرلىك شەرتنامە تەشكىلاتى) ۋە ياۋرو ـ ئاسىيا ئىقتىسادىي بىرلەشمىسىنىڭ ئەزالىرى.

بۇ ئىككى تەشكىلات ش ھ ت نىڭ بىخەتەرلىك ۋە ئىقتىسادىي ساھەدە رول ئوينايدىغان بوشلۇقىنى چەكلەيدۇ.

«بىر بەلۋاغ ، بىر يول» تەشەببۇسى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن ، خىتاي تېخمۇ كۆپ ئىقتىسادىي تەرەققىيات فۇنكسىيەسىنى بۇ رامكىغا يۆتكىدى ، ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن بولغان ئىككى تەرەپلىك ھەمكارلىقنى كۈچەيتتى. ش ھ ت نىڭ مۇھىملىقىمۇ تۆۋەنلىدى.

ھازىر ، ئەزا دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بەزى ئىككى تەرەپلىك ياكى ئۈچ تەرەپلىك كېلىشىملەرمۇ ش ھ ت دەپ بەلگە قويۇلغان ، ئەمما ش ھ ت بۇ تۈرلەرنىڭ ئىلگىرىلىشىدە ئاساسەن ھېچقانداق رول ئوينىمىغان.

باشقا رايون تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكىدىن تېخمۇ ياخشى پايدىلىنىش ش ھ ت ئۈچۈن مۇھىم ۋەزىپە.

www.taklimakan.biz

4) ئاربلاشماسلىق سىياسىتى بىلەن رايون مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى تەڭپۇڭلاشتۇرغىلى بولامدۇ؟ ئىلگىرى رايون كرىزىسىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ش ھ ت بايانات ئېلان قىلىشتىن باشقا ئىش قىلالمىدى.

بۇ ش ھ ت ئىزچىل يولغا قويغان ئاربلاشماسلىق سىياسىتىگە ماس كېلىدۇ.

ئەمما بۇنىڭدىن كېيىن ش ھ ت كرىزىس يۈز بەرگەن ۋاقىتتا، بىخەتەرلىك تەرەپتىكى ئىقتىدارىنى جارى قىلالامدۇ-يوق؟ ئىزدىنىشى كېرەك.

بۇ ئەزا دۆلەتلەرنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ئېھتىياجى ۋە ش ھ ت رايون ئىشلىرىدىكى رولى ۋە تەسىرىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش-ئاشۇرماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەگەر ش ھ ت ئافغانىستان مەسىلىسى ۋە رايون كرىزىسىغا تاقابىل تۇرۇشقا ئۈنۈملۈك تۆھپە قوشالىسا، غەرب دۆلەتلىرى بۇنىڭغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىشنى ئويلىشىشى مۇمكىن.

www.taklimakan.biz

تک‌کلیکان
www.taklimakan.biz